# خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويايلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«خەلقنىڭ ساغلاملىقى جەمئىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ باي ـ قۇدرەتلىك بولۇشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشى.» مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى سەھىيە ـ ساغلاملىق تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىپ پىلانلاشتا، پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆزلەپ، دىققەتنى دۇچ كەلگەن كونا قىيىن مەسىلە ۋە يېڭى خىرىسقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى بولمىسا، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيە بولمايدۇ. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، مەملىكەتلىك سەھىيە ۋە ساغلاملىق يىغىنى ئېچىپ، يېڭى دەۋردىكى سەھىيە ۋە ساغلاملىق خىزمىتى فاڭجېنىنى بېكىتىپ، «‹ساغلام جۇڭگو 2030› يىرىك پىلان پروگراممىسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، ساغلام جۇڭگو قۇرۇش چاقىرىقى چىقىرىپ، ساغلام جۇڭگو قۇرۇشنىڭ زور سىياسەت، فاڭجېنلىرى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالى ۋە ئاساسىي داۋالاش ـ سەھىيە مۇلازىمىتىنىڭ ئادىللىقى، مەنپەئەتلىنىشچانلىقىنى سىجىل ياخشىلىدى. بۇ قېتىم يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا، كەڭ تېببىي خادىملار ئاق خالاتنى ساۋۇت قىلىپ، قارشى يۆنىلىشتە جەڭگە ئاتلىنىپ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ ھاياتلىقنى قۇتقۇزدى، تېببىي دورا ـ سەھىيە سىستېمىسى سىناقتا بەرداشلىق بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. ئۇزاق مۇددەت تىرىشىش ئارقىلىق، بىز خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، يەنە دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سەھىيە ۋە ساغلاملىق تەرەققىيات يولىنى ئاچتۇق.

ھازىر، ئىنسانلار 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر پۈتۈن يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە تاسادىپىي ۋەقەسىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامراۋاتىدۇ. سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، ياشانغانلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبىدىن، كېسەللىك تىزىملىكى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن، دۆلىتىمىز يەنىلا كۆپ خىل كېسەللىك يۈكى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، كۆپ خىل ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ئەھۋالغا دۇچ كەلمەكتە، بولۇپمۇ تاسادىپىي جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىشى تېز، تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى كەڭ، زىيىنى زور. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللاشقان ساغلاملىق ئېھتىياجى سىجىل، تېز سۈرئەتتە ئېشىپ، ساغلاملىق بارغانسېرى خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى مەسىلىسىگە ئايلانماقتا. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، سەھىيە ـ ساغلاملىق بىلەن تەمىنلەش سۈپىتى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلىشىش، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى.

ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش پارتىيەمىزنىڭ خەلققە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، تىرىشىپ خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن دەۋرىيلىك كاپالەتلىك قىلىپ، مۇكەممەل تۈزۈم سىستېمىسى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ساغلاملىققا پايدىلىق تۇرمۇش شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئەندىزىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىپ، ساغلاملىق بىلەن ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ماس تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىم بولغان ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرى سېلىنمىسى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. دىققەتنى خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئېغىر، چوڭ كېسەل ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، خەلق ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ساغلاملىق تەربىيەسى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئېغىر، چوڭ كېسەلنىڭ مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۈنى تىزگىنلەپ، كېسەل داۋالاشنى مەركەز قىلىشتىن ساغلاملىقنى مەركەز قىلىشقا قاراپ ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاساسىي داۋالاش سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقى سىغىمىنى كېڭەيتىش ۋە رايونلارغا تەڭپۇڭ ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى يېقىن ئەتراپتا ئادىل مەنپەئەتلىنەلەيدىغان، سىستېمىلىق، سىجىل ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ساغلاملىق مۇلازىمەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم دورا بۇيۇملىرى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، ۋاكسىنا قاتارلىق ساھەلەردىكى «بوغما» مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش داۋامىدا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن تەجرىبە ۋە ئەندىزىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تۈزۈم شەكلى ئارقىلىق مۇستەھكەملەش كېرەك. خەلقئارا ئالاقە ـ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشتىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

«ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىدە، سەھىيە ـ ساغلاملىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باشتىن ـ ئاخىر ئۈللۈك ئورۇندا تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىستراتېگىيەسى بىلەن زىچ جىپسىلىشىپ، مۇھىم تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ سەپەردە، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ساغلام تۇرمۇشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ساغلاملىق مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ساغلاملىق كاپالىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساغلام مۇھىت بەرپا قىلىپ، ساغلاملىق كەسپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلەتسەكلا، بىز چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ساغلاملىق ئاساسى سالالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن دەۋرىيلىك كاپالەتلىك قىلىمىز

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە سىستېمىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

«خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، تىرىشىپ خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن دەۋرىيلىك كاپالەتلىك قىلىپ، مۇكەممەل تۈزۈم سىستېمىسى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ساغلاملىققا پايدىلىق تۇرمۇش شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئەندىزىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىپ، ساغلاملىق بىلەن ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ماس تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك».

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش، سەھىيە سىستېمىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، تىرىشىپ داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ساغلام شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىمىز.

باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە سەھىيە ـ ساغلاملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى تۈپ مىزان. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى ئاساسىي قاتلام سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گو ۋېيجياڭ مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم ئاساسىي قاتلام داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قاتلامغا ئەلا مۇلازىمەت قىلىش سەپىرى پائالىيىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش تۈرىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قاتلام داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز».

«بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش داۋامىدا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن تەجرىبە ۋە ئەندىزىلەرنى يەكۈنلەپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى پارازىت قۇرت كېسىلى ۋە برۇتسېللا باكتېرىيەسى كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ جياڭشەن مۇنداق دېدى: «كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىش پىلانى تۈزۈپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئەمەلىي جەڭ مانېۋىرى ۋە تەربىيەلەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان زامانىۋىلاشقان كەسپىي قوشۇن قۇرۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز، قوغدايمىز».

«باش شۇجى جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.» ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جى بېي مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەللىكنى داۋالاشتىكى ئۆزگىچە ئەۋزەللىكى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى پىلان، مالىيە ۋە قانۇن ـ نىزام باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ياڭ دۇڭ مۇنداق دېدى: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىز كاپالەتلەندۈرۈش تېخىمۇ ئادىل، باشقۇرۇش مۇلازىمىتى تېخىمۇ قېلىپلاشقان، داۋالاش بايلىقىدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى پائال بەرپا قىلىپ، كۆپ قاتلاملىق داۋالىنىش كاپالىتى سىستېمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، تېببىي دورا باھاسى ۋە خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى چىقىم قىلىش شەكلى ئىسلاھاتى قاتارلىقلارنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، داۋالىنىش خىراجىتى يۈكىنى ھەقىقىي تۆۋەنلىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ داۋالىنىش كاپالىتىگە بولغان يېڭى ئارزۇسىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرىدۇ.

«بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، دوختۇرخانىمىز كۈچنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ۋە ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ‹ۋاكالىتەن باشقۇرۇش شەكلى›دىكى ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى، ئۈچ ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش تېخنىكا سەۋىيەسى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يۈ ئەيپىڭ مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە پائال يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاممىنى يېقىن ئەتراپتا ئادىل مەنپەئەتلىنەلەيدىغان، سىستېمىلىق، سىجىل ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ساغلاملىق مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلىمىز».

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى بىز ئاساسىي قاتلام داۋالاش خىزمەتچىلىرىنى ئىنتايىن ئىلھاملاندۇردى.» ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى بەخت يولى مەھەللىسى سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى دۇەن لېي مۇنداق دېدى: «بىز دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ساغلاملىق تەربىيەسى سالمىقىنى زورايتىپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ۋە ئېغىر، چوڭ كېسەلنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ئاممىنىڭ ساغلاملىق ‹قوغدىغۇچىسى› بولىمىز».

شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر 2 ـ ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىرى مەمتىلى ئەيسا مۇنداق بىلدۈردى: تېببىي خادىم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، داۋالاش سەۋىيەسى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە دوختۇرلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، سەھىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن دەۋرىيلىك كاپالەتلىك قىلىمىز.

**(مۇخبىر سۇ لۇپېڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار چاۋ جىن، لى چۈنشيا، يۈ مېڭرەن)**

# ئاپتونوم رايون ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريول بىخەتەرلىكىدىكى يوشۇرۇن خەۋپنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريول بىخەتەرلىكىدىكى يوشۇرۇن خەۋپنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىپ، ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريول بىخەتەرلىكىدىكى يوشۇرۇن خەۋپنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، تۈزەشتىكى نۇقتىلىق، قىيىن ئىشلارنى زىچ چۆرىدەپ، تۈزەش لايىھەسىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. قانۇن بويىچە تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، تۆمۈريولنى تۈزەشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۆمۈريول بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى جازالاش كېرەك. ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ، ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريولنى قاپلىغان بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپنى تۈزەش «قوش ئۇچاستكا باشلىقى» خىزمەت تۈزۈمىنى تولۇقلاپ ئورنىتىپ، دائىملاشقان باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى يولغا قويۇش كېرەك. تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق، قىيىن بولغان بىخەتەرلىكتىكى يوشۇرۇن خەۋپ مەسىلىلىرىگە قارىتا ۋىۋېسكا ئېسىپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ بىجىرىشنى يولغا قويۇپ، خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ۋاقتىدا ئىگىلەش كېرەك. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، تۆمۈريول بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشتىكى قانۇن ـ نىزام، تۈزۈم، ئۆلچەملەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۆمۈريول بىخەتەرلىكى خەۋپ ـ خەتىرىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تۆمۈريول بىخەتەرلىكى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا، ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەر ھەم بىڭتۇەننىڭ ئالاقىدار شى(شەھەر)لىرىدىكى ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل يولداشلار شۆبە يىغىن مەيدانىدا سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ جۈجيۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)